# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 3 ـ ئاي
4
چارشەنبە
维吾尔文 3月4日

新疆日报 · شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24990 ـ سان بۈگۈن 2 بەت


## دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلەرنى تەيىنلىدى ـ قالدۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق تۆۋەندىكى باش ئەلچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ـ قالدۇردى:

بىرىنچى، دۇ ۋېينى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇكرائىنادا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

فەن شيەنرۇڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇكرائىنادا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئىككىنچى، جەن يۇڭشىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىسرائىلىيە دۆلىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

دۇ ۋېينى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىسرائىلىيە دۆلىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئۈچىنچى، لىن لىننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سلوۋاكىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

سۇن لىجيېنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سلوۋاكىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

### مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «يېتەكچى پىكىر» بېسىپ تارقاتتى

# زامانىۋى مۇھىت تۈزەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى يېقىندا «زامانىۋى مۇھىت تۈزەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشنى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: پارتىيەنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى بىرتۇتاش يېتەكچى، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي يېتەكچىلىك رولىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى ئاچقۇچ، كارخانىلارنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تۈپ ئاساس، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە ئاممىنى ئورتاق قاتنىشىشقا تېخىمۇ ياخشى سەپەرۋەر قىلىشنى تىرەك قىلىپ، ھۆكۈمەت تۈزەش بىلەن جەمئىيەت تەڭشەش، كارخانا ئۆزى تۈزەشنى ھەمتۈرتكە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەنبەدىن تۈزەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈپتىن ياخشىلاشقا تۈرتكە بولۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە گۈزەل جۇڭگو قۇرۇشنى كۈچلۈك تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: 2025 ـ يىلىغا بارغاندا، مۇھىت تۈزەشنىڭ رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت سىستېمىسى، كارخانا مەسئۇلىيەت سىستېمىسى، ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتى سىستېمىسى، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سىستېمىسى، بازار سىستېمىسى، ئىناۋەت سىستېمىسى، قانۇن ـ نىزام، سىياسەت سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، تاكاموللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك سۇبيېكتلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازار سۇبيېكتلىرى ۋە ئاممىنىڭ قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈپ، يۆنىلىشى ئېنىق، تەدبىرلىرى ئىلمىي، ئىجراسى كۈچلۈك، رىغبەتلەندۈرۈشى ئۈنۈملۈك، كۆپ تەرەپ قاتناشقان، ياخشى سۈپەتتە ھەمتۈرتكە بولىدىغان مۇھىت تۈزەش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: مۇھىت تۈزەشنىڭ رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتا، مەركەز بىرتۇتاش پىلانلايدىغان، ئۆلكە باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، شەھەر، ناھىيە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتىدىغان خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ مالىيە چىقىمى مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نىشانلىق باھالاش، تەكشۈرۈپ باھالاشنى قانات يايدۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش نازارىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. مۇھىت تۈزەشنىڭ كارخانا مەسئۇلىيەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتا، بۇلغىما قويۇپ بېرىشنى ئىجازەتلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قانۇن بويىچە يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمىتىنى يېشىللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، بۇلغىنىشنى تۈزەش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، مۇھىتنى تۈزەش ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارىلاش كېرەك. مۇھىت تۈزەشنىڭ ئومۇمىي خەلق ھەرىكەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتا، جەمئىيەت نازارەتچىلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ مۇھىت ئاسراش ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مۇھىت تۈزەشنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتا، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، دۆلەت تەشكىللىگەن مۇھىم، زور پائالىيەتلەردىن باشقا، ھەرقايسى جايلار يىغىن ئېچىش، مۇنبەر ۋە چوڭ تىپتىكى پائالىيەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن، كارخانىلارغا ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىش، ئىشلەپچىقىرىشقا چەك قويۇش تەدبىرلىرىنى قوللانسا بولمايدۇ.

«پىكىر»دە يەنە مۇھىت تۈزەشنىڭ بازار سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## مەركەز يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «نۆۋەتتىكى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى خىزمىتى كۆرسەتمىسى»نى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، مەركەز يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلەن ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش توغرىسىدا «نۆۋەتتىكى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى خىزمىتى كۆرسەتمىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «كۆرسەتمە» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقاتتى.

«كۆرسەتمە»دە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: ئاشلىق بىختەرلىكىدە ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى چىڭىتىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بويىچە باھالاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش، ھەرقايسى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر)لەرنىڭ ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە مەھسۇلات مىقدارىنى ئالدىنقى يىلدىكى سەۋىيەدە مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى ئەۋزەللىكىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش تەڭپۇڭ رايونلار بىلەن ئاساسلىق سېتىش رايونلىرى تېگىشلىك ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش نىسبىتىنى ساقلاپ، دۆلەتنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئورتاق زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك.

«كۆرسەتمە»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ھەرقايسى جايلار پەيتنى قولدىن بەرمەي ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى تۇتۇپ، ئاشلىق ۋە يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىشى كېرەك. بىرىنچىدىن، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئاشلىق كۆلىمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇغداي، شالىنىڭ ئەڭ تۆۋەن سېتىۋېلىش باھاسى قاتارلىق سىياسەتلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقىنى قوغداش ۋە قوزغاش كېرەك. شارائىتى بار رايونلارنىڭ قوش پەسىللىك شال كۆلىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىلھام بېرىپ، چىلگە شال كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ھەم تېرىشىپ كېڭەيتىش كېرەك. نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، شۇدىگەر قىلىش سىناق نۇقتىلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىشنى كېڭەيتىپ، شۇدىگەر قىلىشنى ئازايتىش، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىشتا ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىشنى ئاساس قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، دەرىجىگە ئايرىپ، تۈرگە ئايرىپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى ئىمكانقەدەر تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. يېزىلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، پەرقلىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يەنە بىر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

### ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلار جەمئىي 68گە يەتتى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يەنە بىر ئاغرىق مىسالى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، شۇ كۈنى دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇ ئاغرىق مىسالى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاغرىق مىسالى.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالى جەمئىي 68گە يەتتى، ھازىر دوختۇرخانىدا يېتىپ ئايرىپ داۋالىنىۋاتقانلاردىن بەشى بار.

### ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى

## ياۋايى ھايۋانلارغا چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىلىدۇ

**يۇتۇن تارانقۇ مۇخبىرىمىز سۈي يۈنيەننىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش، ئېھتىماللىقى بولغان يۇقۇم مەنبەسى ۋە تارقىلىش يوللىرىنى توسۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «ياۋايى ھايۋانلارغا چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»نى ئېلان قىلغان.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)


## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەيلى


## جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلار ئالدىراش بولۇپ كەتتى

□ **پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

باھار قەدىمىگە جور بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى دېھقانلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، بەزىلىرى ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرىغا بېرىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشقا ئاتلاندى، بەزىلىرى زاۋۇت ـ سېخلارغا كىرىپ ئىش ئورنىغا قايتىپ ئىشلىدى، بەزىلىرى ئۆيلىرىدە باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قىلىش بىلەن كىرىمنى ئاشۇرۇشقا باشلىدى. دېھقانلار ئالدىراش قەدەملىرى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئۈمىد دالاسىغا قەدەم قويدى.

**ئىش ئورنىغا قايتىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ئالدىراش**

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىشلەمچى خادىملارنى سىرتقا چىقىپ ئىش ئورنىغا قايتىپ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ياكى ئىشكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تەرتىپلىك تەشكىللىدى.

3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، شايار ناھىيەسىدىكى سانائەت باغچە رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ يۇشياڭ توغراق خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ زاۋۇت رايونىدا ئالدىراش قايناق مەنزىرە نامايان بولغانىدى. تەييار ئوغۇتنى قاچىلاپ ئاغزىنى تىكىش، قاچىلاش ئاقما لىنىيەسىدە، خېلىل مەمەت ۋە ئىشداشلىرى ئورىيا ۋە نىترو بىرىكمە ئوغۇتنى ماھىرلىق بىلەن ئوراۋاتاتتى. شىركەت ھەر كۈنى ئاز دېگەندە 1000 توننا خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدۇ، 1500 ئىشچى ئىسمىنا ئالمىشىپ ئىشلەيدۇ.

«ھازىر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلى، ھەر كۈنى قىلىدىغانغا ئىش چىقىپ بەك ياخشى بولىدى، بىز ئىشلەپچىقارغان خىمىيۋى ئوغۇت ئۆز يېرىمىزنى تەمىنلەپلا قالماي، يەنە ئاپتوموبىل، پويىز ئارقىلىق سىرتتىكى جايلارغا توشۇلىدۇ.» خېلىلنىڭ دېيىشىچە، ئۇ شايار ناھىيەسى تويبولدى بازىرى ئېگەچى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بولۇپ، 2019 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خوتۇنى بىلەن بىللە شىنجاڭ يۇشياڭ توغراق خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ ئىشلىگەن، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ھەر ئايدا 7000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپالايدىكەن.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ بەشتوغمەن يېزىسى يېڭىئاۋات كەنتىدىكى دېھقانلار مېۋە دەرەخلىرىنى چاتاش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەشكە قاتناشماقتا، سۈرەتتە: تېخنىك نەق مەيداندا دېھقانلارنىڭ ئالما دەرىخىنى چاتاشقا يېتەكچىلىك قىلماقتا.

□ دۇڭ چېڭجۇڭ فوتوسى

### ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقاتتى

## تېببىي خادىملارنى يەنىمۇ قوغداش، كۆڭۈل بۆلۈش، ئاسراشقا دائىر بىرقانچە تەدبىرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

**نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش**

**ئۆز خەۋىرىمىز** ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە قەدەم قويدى، تېببىي خادىملارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ئېغىر، يۇقۇملىنىش خەۋپى يۇقىرى، خىزمەت بېسىمى زور، ھەر جەھەتتىن قوللاش، كاپالەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىش، تېببىي خادىملارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى ھەقىقىي تۈگىتىش، ئۇلارنى باشتىن ـ ئاخىر كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقى، كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسى، تولۇپ تاشقان زېھنىي كۈچىنى ساقلاپ، داۋاملىق ساغلام بولۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش كۈرىشىگە ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن، 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «تېببىي خادىملارنى يەنىمۇ قوغداش، كۆڭۈل بۆلۈش، ئاسراشقا دائىر بىرقانچە تەدبىرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئۇقتۇرۇش» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقاتتى.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملارنىڭ تەمىنات كاپالىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ۋاقىتلىق خىزمەت ياردەم پۇلى تارقىتىش ۋە بىر قېتىملىق ئۇنۇم مائاشى ئومۇمىي مىقدارىنى تارقىتىشنى ياخشى ئىشلەش، سەھىيە يۇقۇم مۇداپىئە ياردەم پۇلى ئۆلچىمىنى ۋاقتىدا تەڭشەش، ئىشتا يارىلىنىشنى بېكىتىش ۋە تەمىنات كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەش، تېببىي خادىملار مەخسۇس سۇغۇرتىسى تەسىس قىلىش، شەخسىي تاپاۋەت بېجىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. سەھىيە ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەشنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، سەھىيە كەسپىي ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى تولۇقلاش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ياۋايى ھايۋانلارنى خالىغانچە يېيىش قەبىھلىكتۇر

**سۆز ھەممىگە**

□ **فەن خۇيى**

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس يامراپ، ئېغىر خەۋپ ئېلىپ كەلدى، بۇ ھەممىيلەنگە ئايان، كىشىنى ئىنتايىن ئېچىندۇردى.

بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان دۆلىتىمىزدە يۈز بەرگەن تارقىلىش سۈرئىتى ئەڭ تېز، يۇقۇملىنىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى. نۆۋەتتە، ۋىرۇسنىڭ كېلىش مەنبەسى، تارقىلىش يوللىرى ۋە ئوخشىمىغان پارازىت قۇرت ئىگىسى توغرىسىدىكى تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ھېلىھەم ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. لېكىن مۇنداق بىر يەكۈن ئېنىق، ئۇ بولسىمۇ ياۋايى ھايۋانلارنى يېيىشنىڭ ۋىرۇس تارقىتىش خەۋپى مەۋجۇت.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)